# ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىدە قىلىنغان سۆز

(2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

## شى جىنپىڭ

**باش مەمۇر سۈي شىئەن ئەپەندى،**
**ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان باش مەمۇر خې يىچېڭ ئەپەندى،**
**قېرىنداشلار، دوستلار:**

بۈگۈن كەچ، بىز خۇشال ھالدا بىر جايغا جەم بولۇپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەۋاتىمىز. مۇشۇ گۈزەل پەيتتە، ئالدى بىلەن، مەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ۋاكالىتەن، بارلىق ئاۋمېن ئاھالىسىگە سەمىمىي سالام يوللايمەن!

ئاردىن بەش يىل ئۆتۈپ ئاۋمېنغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇش كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنىڭ مەزمۇت، كۈچلۈك بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

— 2003 - يىلى «ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئاۋمېننىڭ تېخىمۇ قويۇق ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش» ئىمزالانغاندىن تارتىپ، 2017 - يىلى «گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېننىڭ ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش رامكا كېلىشىمى»گە ئىمزا قويۇلغىچە، يەنە 2018 - يىلى شياڭگاڭ - جۇخەي - ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىدە رەسمىي قاتناش باشلانغىچە، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىنكى ئاۋمېننىڭ ۋەتەننىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىشىش كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

— 2002 - يىلى لاتارىيە كەسپىنى مۇۋاپىق قويۇۋېتىشكە تۈرتكە بولۇشتىن تارتىپ، 2004 - يىلى جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلى قوللىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغىچە، يەنە 2007 - يىلى دۇنيا ساياھەت ئىستىراھەت مەركىزى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغىچە، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىنكى ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق كۆپ مەنبەلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يولى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، ئىقتىسادىنىڭ تېز ئېشىش ھالىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى.

— 2007 - يىلى يەسلىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپ يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، 2012 - يىلى «ۋەنجيۇ ئاممىۋى ئۆيى» قۇرۇلۇشى تاماملانغىچە، يەنە 2018 - يىلى قوش قاتلاملىق جەمئىيەت كاپالىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلغىچە، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىنكى ئاۋمېندا خەلق تۇرمۇشى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاندى، ئاۋمېن ئاھالىسىنىڭ خاتىرجەم ياشاشتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

— 1999 - يىلدىكى «يېرىم كېچىدە قانۇن چىقىرىش»تىن تارتىپ، 2009 - يىلى نېگىزلىك قانۇننىڭ 23 - ماددىسىدىكى يەرلىك قانۇن چىقىرىش تاماملانغىچە، يەنە 2018 - يىلى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلغىچە، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىنكى ئاۋمېن 800دىن ئارتۇق قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزامنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تاماملىدى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنى ۋە ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان قانۇن ۋە تۈزۈم سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى.

— 2005 - يىلى ئاۋمېننىڭ تارىخىي شەھەر رايونى «دۇنيا مىراسلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەندىن تارتىپ، 2017 - يىلى ئاۋمېن «ئىجادىي شەھەر مەززىلىك تائاملىرى مەركىزى» دەپ باھالانغىچە، ھازىرغىچە 120 خەلقئارا تەشكىلاتقا قاتناشتى، 144 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ۋىزا كەچۈرۈم قىلىش ياكى قونغاندا ۋىزا بېجىرىش مۇئامىلىسىگە ئېرىشتى، قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىنكى ئاۋمېن تاشقى ئالاقىدە تېخىمۇ جانلىق بولدى، «جۇڭگو . ئاۋمېن»نىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

قېرىنداشلار، دوستلار!

ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن بۇيانقى 20 يىل، ئاۋمېن تارىخىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەڭ تېز، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئەڭ زور بولغان مەزگىل، شۇنداقلا ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە شان - شەرىپىدىن ھەمبەھىرلىنىش تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەزگىل. ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ھاسىل قىلغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلىرى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىدىن بولغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن بولغان، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ پائال نەتىجە ياراتقانلىقى ۋە ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىن بولغان.

ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پىرىنسىپى تەلىپىنى ئاۋمېننىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدە نۇرغۇن يارقىن نۇقتىلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىرىنچى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يادرولۇق قىممىتىگە ئايلاندى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار ئاۋمېننىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنىڭ ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى، كۈچلۈك دۆلەت قارىشى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئاۋمېننى سۆيۈشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك قاتارلىق يادرولۇق قىممەتنى قەدىرلىدى ھەم ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ بىر ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا ئايلانغانلىقىدەك تارىخىي ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈشنى يادرولۇق قىممەت تەرتىپىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. مەيلى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، قانۇن - سىياسەت تۈزۈش، تۈرلۈك ئىشلارنى پىلانلاشتا بولسۇن ياكى باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، مائارىپ فاڭجېنىنى بېكىتىش، ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىنى ئىگىلەش بولسۇن، ھەممىسىدە دۆلەت ۋە ئاۋمېننىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن - ئۇيغۇن ئەمەسلىكنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئويلاشتى. بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بارلىق مەكتەپلەردە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش - ئېسىش، دۆلەت شېئىرى ئېيتىشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ نوپۇزى مۇستەھكەم تىكلەندى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئاساسىنى ئورتاق ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئاۋمېننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا ئاساسەن ئاۋمېننى ئىدارە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ نوپۇزىنى ئاكتىپلىق قوغداش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ماسلاشقان، بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن تەشۋىق - تەربىيە سىستېمىسى ئورنىتىلدى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن تەربىيەسى دەرسى تەسىس قىلىندى. مەمۇرىي خادىملاردىن چوقۇم نېگىزلىك قانۇننى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىپ، تەربىيەلىنىش، خىزمەتكە كىرىش ۋە ئۆستۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا نېگىزلىك قانۇن ئىمتىھان تەرتىپى تەسىس قىلىندى. ئۆدا بەش يىل دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قانۇننى ھۆرمەتلەش، ئاساسىي قانۇن ئۆگىنىش، ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش، ئاساسىي قانۇننى قوغداش، ئاساسىي قانۇننى قوللىنىشتەك ياخشى كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئۈچىنچى، مەمۇرىي يېتەكچىلىك تۈزۈلمىسى راۋان يۈرۈشتى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار مەمۇرىي يېتەكچىلىكنىڭ نېگىزلىك قانۇندا لايىھەلىگەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باش مەمۇرنىڭ پۈتكۈل ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا ۋاكالىتەن مەركەز ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىدەك تۈپ تەلەپنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. باش مەمۇرنىڭ بىرتۇتاش يېتەكچىلىكىدە، مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ھەم ئۆزئارا ماسلاشتى، ھەم ئۆزئارا چەكلىدى، شۇنداقلا ماسلىشىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى، ئەدلىيە ئورگانلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزدى، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ھەم سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەردى، ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، ئاممىۋى مەمۇرىيەت قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى.

تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىشىشتە پائال تەشەببۇسكار بولدى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىنىڭ قۇدرەتلىك يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق دۆلەت ئىستراتېگىيەلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدەك مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ، مەركەزنىڭ قوللاش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى، ئاۋمېننىڭ ئەۋزەللىكى» بىلەن «ئاۋمېننىڭ ئېھتىياجى، دۆلەتنىڭ ئەۋزەللىكى»نى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق كېڭەيتىش، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ئاۋمېن بىلەن ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ ھەمكارلىق ساھەسى كۆلىمى كېڭىيىپ، ھەمكارلىق مېخانىزمى تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، ھەمكارلىق سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بەشىنچى، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئىناق ئۆتۈش جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار «ئائىلە ئىناق بولسا، ھەممە ئىشلارنىڭ گۈللىنىدىغانلىقى»، ئىناقلىقنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش، كېڭىشىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى، جاھىللىق بىلەن تالاشماي، ئىچكى كۈچنى خوراتماي، سىرتتىن كەلگەن ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا ئاڭلىق قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ئوخشىمىغان قوۋملار ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ دوستانە ئۆتتى، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزئارا سىڭىشتى، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈردى، قولۇم - قوشنىلار ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقاردى. كەڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ «شەنجۇ» دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك تەيفېڭ بورىنىغا مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تاقابىل تۇرغان كۆرۈنۈشلىرى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى، كىچىك شەھەرنىڭ ھېكايىسى ئىللىقلىققا تولدى.

قېرىنداشلار، دوستلار!

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىز نامرات، قالاق بولۇشتىن ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇنغا ھالقىشقىچە، قورسىقى تويىماسلىق، كىيىمى پۈتۈن بولماسلىقتىن پات يېقىندا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقىچە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى. ھازىر، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى زور تەرەققىي قىلىدىغان، زور نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان دەۋر، شۇنداقلا ئاۋمېن بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتى چوقۇم تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشالايدۇ!

ھازىر، مەن مۇنداق تەكلىپ بېرىمەن:

دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن،

ئاۋمېن قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچۈن،

ئاۋمېننىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن،

بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى دوستلار ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن،

قەدەھ كۆتۈرەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ نوپۇزى مۇستەھكەم تىكلەندى، مەمۇرىي يېتەكچىلىك تۈزۈلمىسى راۋان يۈرۈشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىپ كىرىشتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولدى، سىغدۇرۇش ۋە ئىناق بولۇش جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى. ھازىر، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى زور تەرەققىي قىلىدىغان، زور نەتىجە يارىتىدىغان دەۋر، شۇنداقلا ئاۋمېن بىلەن ۋەتەننىڭ ئىچكىرى رايونلىرى ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتى چوقۇم تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى)**

سۈي شىئەن تەبرىك سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پات ئارىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتتە، بىز ئىنتايىن ھاياجانلىق كەيپىياتتا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋمېنغا يەنە بىر قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۈتۈۋالدۇق. ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىكى ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبىسى ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننى ئومۇميۈزلۈك، توغرا يولغا قويۇش، ئۇنىڭ يادروسى ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي سىستېمىسىنى، دۆلەتنىڭ يادرولۇق قىممىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشىدۇر. ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىدىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدىن ۋە مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، مەركەزنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىدا، بەشىنچى قارار باش مەمۇر خې يىچېڭ ئەپەندى جەزمەن يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە كەڭ ئاۋمېن ئاھالىسىنى يېتەكلەپ، نېگىزلىك قانۇننى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولىدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، جاڭ يوۋشيا، ۋاڭ يى، ما بياۋ قاتارلىقلار قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتىگە قاتناشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۆئې، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان باش مەمۇر خې يىچېڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار، ئاۋمېندىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتارلىقلارمۇ كەچلىك زىياپەتكە قاتناشتى.

## شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، جۇ جېچەي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋمېندا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ خې خوۋخۇاغا مۇنداق دېدى: سىز ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 1 -، 2 - نۆۋەتلىك باش مەمۇرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس سالدىڭىز، «تۇنجى تۆگمىنى ياخشى ئەتتىڭىز.» سىز مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق تۈردە ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن بارچە كۈچىڭىزنى، ئەجرىڭىزنى كۆرسەتتىڭىز. مەركەز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. سىزنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك باش مەمۇر ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت ئېچىپ، ياخشى قەدەم ئېلىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى دۆلەت ئىشىنى كۆچەيتىشكە، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش يادرولۇق قىممىتىنى ئاۋمېندا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خې خوۋخۇا شى جىنپىڭنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئىلھام بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىنى بارچە كۈچۈم، ئەجرىم بىلەن قوللايمەن، ياش بىر ئەۋلادلارنى دۆلەتكە بولغان تونۇشى ۋە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈشنىڭ جەمئىيەت، سىياسىي ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا ئاۋمېننىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمەن.

دىڭ شۆشياڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

## شى جىنپىڭ لىنجېڭ يۆئې بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، جۇ جېچەي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۆئې ۋە قىسمەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەركەز باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېنىڭ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە نامايان قىلغان جاسارىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئې بېيجىڭغا كېلىپ خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەركەز ھەممىسىنى پۈتۈنلەي قوللايدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ داۋاملىق تۈردە باش مەمۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق ھالدا شياڭگاڭنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لىنجېڭ يۆئې رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، چوقۇم ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ، زوراۋانلىقنى توسۇپ قالايمىقانچىلىقنى چەكلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، شياڭگاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دىڭ شۆشياڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.